

شىنجاڭ گېزىتى

2019 - يىل 8 - ئاي
6
سەيشەنبە
维吾尔文 8月6日

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى 新疆日报网：www.xjdaily.com
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65－0002/－W

كىچىك ئىشلاردىمۇ ئەسلى مەقسەتنى كۆرگىلى بولىدۇ

—— شى جىنپىڭ بىلەن ئاممىدىن كەلگەن بىر پارچە خەتنىڭ ھېكايىسى

☐ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى ۋاڭ فېيفېي

«ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى پۈتۈن پارتىيەدە چوڭقۇر قانات يايدۇرۇلىۋاتقاندا، سەنشى ئۆلكىسى خوجوۋ شەھەردىكى 85 ياشلىق پىشقەدەم پارتىيە ئەزاسى خاۋ يۈمىن 27 يىل ئىلگىرى ئەينى چاغدىكى فۇجوۋ شەھەرلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى شى جىنپىڭ بىلەن بىر پارچە خەت سەۋەبىدىن «تونۇشۇش» ھېكايىسىنى ئەسلىگەندە، ئىختىيارسىز ھاياجىنىنى باسالماي: «بۇ كىچىك ئىشتىن، مەن پارتىيەنىڭ بىر ياخشى كادىرىنىڭ ئىزچىل خەلقنى كۆزلەيدىغان ئەسلى مەقسىتىنى ھېس قىلدىم» دېدى. يېقىندا، خاۋ يۈمىن بوۋاي ئۆيىدە مۇخبىرغا مەڭگۈ ئېسىدىن چىقمايدىغان ئاشۇ ھېكايىنى سۆزلەپ بەردى…

■ ئەزەلدىن يۈز كۆرۈشمەي تۇرۇپ، شەھەرلىك پارتكوم شۇجىسىغا بىر پارچە «ئەرز خېتى» يېزىش

20 - ئەسىرنىڭ 90 - يىللىرىنىڭ باشلىرىدا، مەن خوجوۋ شەھەرلىك پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى ئىدىم.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1—57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 24779 - سان بۈگۈن 4 بەت

تاپشۇرۇقنى ئەستە چىڭ ساقلاش ئۈچقاندەك ئىلگىرىلەپ ئارزۇغا ئىنتىلىش —— باش شۇجىنىڭ جاۋاب خېتىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن

شىنجاڭ لوپنۇر ناھىيەسىنىڭ داشى كەنتى:

يانچۇقى تومپىيىش روھى كۆتۈرەڭگۈ بولۇش

☐ خەلق گېزىتى مۇخبىرلىرى ياڭ مىڭفاڭ، خاۋ يىڭسەن، ئارداق

«يۈرۈڭلار، بىز كەنت ئاھالىلىرى كومىتېتىغا بېرىپ پاراڭلىشايلى!» دېدى لوپنۇر ناھىيەلىك پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ داشى كەنتىدە تۇرۇشلۇق «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت باشلىقى، 1 - شۇجى لى يەنفېڭ ئۈستىبېشىدىكى توپىلارنى قېقىشتۇرۇپ، تۈرۈۋالغان پۇچاقلىرىنى چۈشۈرۈۋېتىپ، بىر موتوسىكلىتقا ئولتۇرۇپ قايتىپ كەتتى. مۇخبىرلار داشى كەنتىگە زىيارەتكە كەلگەندە، ئۇ يۈزگە يېقىن كەنت ئاھالىسى بىلەن بىرلىكتە كەنت يولىنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى ئون كىلومېتىرغا يېقىن ئۇزۇنلۇقتىكى ئىھاتە ئورمان بەلبېغىدا تولۇقلاپ كۆچەت تىكىۋاتاتتى.

داشى كەنتى تيانشاننىڭ جەنۇبىي ئېتىكى، تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ شەرقىي شىمال گىرۋىكى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى لوپنۇر ناھىيە بازىرىنىڭ چېتىگە جايلاشقان. ئىلگىرى، بۇ يەردە «بىر يىلنىڭ تۆت پەسلى ئايپاق بولۇپ، ئاشلىق تېرىسا ھوسۇل ئالغىلى بولمايتتى». ساۋۇر مەڭلىك 1980 - يىلى كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى بولغاندىن كېيىن، ھەر مىللەت ئاممىنى زەيكەش چېپىش، ئىھاتە ئورمىنى تىكىش، كوللېكتىپ ئىگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئورتاق بېيىش يولىغا مېڭىشقا يېتەكلىدى.

2009 - يىلى 6 - ئايدا، ئەينى چاغدىكى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، مەركىزىي كومىتېت شۇجىچۇسىنىڭ شۇجىسى، دۆلەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ۋەزىپىسىدىكى شى جىنپىڭ داشى كەنتىگە كېلىپ ئاساسىي قاتلام پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتىنى تەكشۈردى.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش، شىنجاڭنى مۇقىم قىلىشنىڭ مۇھىم نۇقتىسى ئاساسىي قاتلامدا. كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ جەڭگىۋار قورغانلىق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، خۇددى ماگنىتقا ئوخشاش يۇرتداشلارنى زىچ ئۇيۇشتۇرۇپ، پارتىيەگە ئەگىشىپ مېڭىشتىكى ئىرادىسى ۋە ئىشەنچىنى چىڭىتىپ، پارتىيەنىڭ ياخشى سىياسەتلىرىنى ھەربىر ئائىلىگىچە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىشلەپچىقىرىشنى تېخىمۇ ياخشى قىلىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى تېخىمۇ ياخشى قىلىپ، يۇرتداشلارنىڭ تۇرمۇشىنى كۈندىن - كۈنگە تېخىمۇ ياخشىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

—— شى جىنپىڭ

ماگنىتقا ئوخشاش يۇرتداشلارنى زىچ ئۇيۇشتۇرۇش

☐ لى بىن

«باش شۇجىنىڭ داشى كەنتىگە قايتا كېلىپ ئائىلىسى كۆرۈپ بېقىشىنى ئۈمىد قىلىمىز»، داشى كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىلىرى شۇنى قىزغىن ئۈمىد قىلماقتا. باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ جاۋاب خېتىنى تاپشۇرۇۋالغان بۇ بىر قانچە يىلدا، كىشى بېشى ساپ كىرىم 2014 - يىلىدىكى 25 مىڭ يۈەندىن 2018 - يىلى 32 مىڭ يۈەنگە بۆسۈپ ئۆتتى، 360 ئائىلىلىك ئاھالە يېڭى ئۆيگە كۆچۈپ كىردى، 300 نەچچە ئائىلىلىك ئاھالە پىكاپ ھەيدىدى… داشى كەنتىنىڭ تەرەققىيات نەتىجىسى، كەنت تەلىمى «يانچۇقى تومپىيىش، روھى كۆتۈرەڭگۈ بولۇش»نى تېخىمۇ گەۋدىلەندۈردى.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش

چېن چۈەنگو، شۆھرەت زاكىر شەرقىي جۇڭغار ئىقتىساد - تېخنىكا تەرەققىيات رايونىدا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى ھەم نەق مەيداندا ئىش بېجىرىپ، كارخانىلارنىڭ تەرەققىياتىدىكى قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلدى

باش تېما تەربىيەسىنى پۇختا قانات يايدۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، ھەققىي تۈردە شەرقىي جۇڭغارنى زامانىۋى كۆمۈر - خىمىيە سانائىتى كەسىپلىرى بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش رايونى قىلىپ قۇرۇپ چىقىش كېرەك

مۇخبىرىمىز **ياۋ تۇڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 8 - ئاينىڭ 5 - كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى چېن چۈەنگو، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى شۆھرەت زاكىر شىنجاڭ شەرقىي جۇڭغار ئىقتىساد - تېخنىكا تەرەققىيات رايونىغا كېلىپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، پۇختا قانات يايدۇرۇلۇۋاتقان «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىگە زىچ بىرلەشتۈرۈپ، كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش بىرىنچى سېپىگە چوڭقۇر چۆكۈپ، كارخانىلارنىڭ تەرەققىياتىنى چەكلەۋاتقان قىيىن مەسىلىلەرنى نەق مەيداندا ئىگىلەپ، كارخانىلارنىڭ تەرەققىياتىدىكى قىيىنچىلىق مەسىلىلەرنى نەق مەيداندا ھەل قىلدى.

شەرقىي جۇڭغار ئىقتىساد - تېخنىكا تەرەققىيات رايونى ئاساسلىقى شەرقىي جۇڭغار كۆمۈرلۈكىنىڭ يىرىك پىلانغا تايىنىپ قۇرۇلغان زامانىۋى كۆمۈر - خىمىيە سانائىتى كەسىپلىرى بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش رايونى. چېن چۈەنگو، شۆھرەت زاكىر شەرقىي جۇڭغار ئېنېرگىيە سارىيىغا كېلىپ، شەرقىي جۇڭغار ئېنېرگىيە بايلىقىنى ئېچىش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش، يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىنى ئەمەلىي قوللىنىش، يېڭى ماتېرىيال تەتقىق قىلىپ ئېچىش، ئىشلەپچىقىرىش، پۈتۈن كەسىپلەر زەنجىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتىش قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئالاقىدار تونۇشتۇرۇشنى ئاڭلىدى. چېن چۈەنگو مۇنداق دېدى: شىنجاڭنىڭ رايون ئەۋزەللىكى،

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

8 - ئاينىڭ 5 - كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى چېن چۈەنگو، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى شۆھرەت زاكىر شىنجاڭ شەرقىي جۇڭغار ئىقتىساد - تېخنىكا تەرەققىيات رايونىغا كېلىپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. سۈرەتتە: چېن چۈەنگو، شۆھرەت زاكىر شەرقىي جۇڭغار ئىقتىساد - تېخنىكا تەرەققىيات رايونىدىكى قىسمەن كارخانىلارنىڭ مەسئۇللىرى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ، كارخانىلارنىڭ تەرەققىياتىدىكى قىيىنچىلىق مەسىلىلەرنى نەق مەيداندا ھەل قىلدى.

☐ مۇخبىرىمىز سۈي جىجيەن فوتوسى

داۋالاش ئارقىلىق ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش: ئىنچىكە مۇلازىمەت قىلىش ياخشى ئىشنى ياخشى قىلىش

☐ مۇخبىرىمىز لى لىن

«ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى قانات يايدۇرۇلغاندىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە - ساغلاملىق كومىتېتى پىچاقنىڭ بىسىنى ئۆزىگە قارىتىپ ئۆزى ئۆزىدە ئىنقىلاب قىلىش روھى بىلەن، مەسىلىنى توغرا تېپىپ، «كېسەل كۆرسىتىش قىيىن بولۇش، كېسەل كۆرسىتىش قىممەت بولۇش، كېسەل كۆرسىتىش يىراق بولۇش» قاتارلىق مەسىلىلەرنى ھەل قىلىدىغان ئەمەلىي تەدبىر، قاتتىق تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئومۇمىي خەلقنىڭ سالامەتلىكىنى تەكشۈرۈش، دەرىجىگە ئايرىپ دىياگنوز قويۇش - داۋالاش، ساغلاملىق ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش قاتارلىق بىر قاتار ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش تەدبىرلىرىنىڭ ئەمەلىي ئۈنۈمىنى تېخىمۇ نامايان قىلىپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر مىللەت ئاممىغا ھەقىقىي قولايلىق ۋە ئەمەلىي نەپ ئېلىپ كەلدى.

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

قىسقا ئوبزور

تۈزىتىشنىڭ «يۆنىلىش بەلگىسى»نى ئەمەلىيلەشتۈرەيلى

☐ لى لىن

باش شۇجى شى جىنپىڭ «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى خىزمىتى يىغىنىدا مۇنداق تەكىتلىدى: ئەسلى مەقسەتنى ساقلاش —— جان - دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ مەقسەتنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، قەتئىي غايە - ئېتىقاد بىلەن ئەسلى مەقسەتنى چىڭ ساقلاپ، خەلقنىڭ گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان ئىنتىلىشى بىزنىڭ كۈرەش نىشانىمىز ئىكەنلىكىنى ئەستە چىڭ ساقلاش، پارتىيەمىزنىڭ خەلقتىن كەلگەنلىكىنى، خەلق ئارىسىدا يىلتىز تارتقانلىقىنى ھەر ۋاقىت ئۇنتۇماسلىقىمىز، مەڭگۈ ئاممىدىن ئايرىلىپ قالماسلىقىمىز،

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

سەلتەنەتلىك 70 يىل كۈرەشچان يېڭى دەۋر
تەرەققىيات مۆجىزىلىرى توغرىسىدا زىيارەت

سۇ كۆپەيدى يەر كۆكەردى بوران پەسەيدى

ئېبىنۇر كۆلى تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى قۇشلار ماكانلاشقان مۇھىم جايغا ئايلاندى

گېزىتىمىزنىڭ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرى **ما جيەنلۇڭ، ما يىنىڭ، سۇڭ ياۋبىن** خەۋەر قىلىدۇ: نۆۋەتتە، ئېبىنۇر كۆلىدىكى قۇش تۈرلىرى مۇھاپىزەت رايونى قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدىكى 111 خىلدىن كۆپىيىپ 267 خىلغا يەتتى، كۆزىتىلگەن قۇشلارنىڭ ئومۇمىي مىقدارى 2 مىليوندىن ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە نەسلى قۇرۇپ كېتىش خەۋپىگە دۇچ كېلىۋاتقان ئەتىۋارلىق قۇش تۈرى 91 خىل، دۆلەت نۇقتىلىق قوغدايدىغان قۇش تۈرى 54 خىل بولۇپ، ئېبىنۇر كۆلى شىنجاڭدىكى قۇشلارنىڭ مۇھىم ماكانلاشقان جايىغا ۋە پەسىل قۇشلىرىنىڭ ئۆتەڭ بېكىتىگە ئايلاندى.

قوغداش خاراكتېرلىك تۈزەش ئارقىلىق، بۈگۈنكى كۈندىكى ئېبىنۇر كۆلى ھاياتىي كۈچكە تولدى، كۆل يۈزى زۇمرەتتەك دولقۇنلايدۇ، كۆل بويىدىكى قومۇشلار يايپېشىل بولۇپ، قۇشلار ئوزۇق ئىزدەپ ئوينىشىپ ئۇچۇپ يۈرىدۇ… كۆل بويىدا تۇرغىنىڭىزدا، بۇ يەرنىڭ ئىلگىرى شورلۇق يەر ۋە شېغىللىق يەر ئىكەنلىكىنى ئويلاپمۇ يېتەلمەيسىز.

«ئىلگىرى بىر يىلنىڭ يېرىمىدا دېگۈدەك بوران چىقاتتى، بوران قۇم ۋە شېغىللارنى ئۇچۇراتتى، ناچار ئېكولوگىيەلىك مۇھىت قۇشلارنىڭ ياشىشىغا ماس كەلمەيتتى» بېيجىڭ ئورمانچىلىق داشۆسىنىڭ قۇش ئېكولوگىيە ئىلمى دوكتورى، بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى جىڭ دۆلەت ئورمىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ ئىدارە باشلىقى قادىرقان بايئاقىننىڭ دېيىشىچە، ئۇنىڭ جانلىقلارنىڭ كۆپ خىللىقىنى كۆزىتىش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقىنىغا 12 يىل بوپتۇ.

«يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئالاتاغ ئېغىزىدا بورانلىق ھاۋارايى بارغانسېرى ئازايدى، قۇم - توزانلىق ھاۋارايىمۇ شۇنىڭغا ئەگىشىپ ئازايدى» دېدى 23 يىل ئىلگىرى ئېبىنۇر كۆلىگە يېقىن بولغان ئالاتاغ ئېغىزىغا كېلىپ يىلتىز تارتقان خېنەن جوۋكوۋلۇق جاڭ شېڭلى.

2008 - يىلى، شىنجاڭ ئېبىنۇر كۆلى سۇلۇق يەر دۆلەت دەرىجىلىك تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، «سۇ تېجەش، كۆلنى قوغداش، ئورمان يېتىشتۈرۈش، قۇمنى تۇراقلاشتۇرۇش» فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئېبىنۇر كۆلىنىڭ ئېكولوگىيەسىنى قوغداش ۋە ئەسلىگە كەلتۈرۈش قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن يولغا قويدى.

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

مېھىر - مۇھەببەت ئۈن - تىنسىز، تۆھپە قوشۇش ئەڭ گۈزەل

—— خۇنەن ئۆلكىسىنىڭ 8 - تۈركۈمدە شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمەت ئەترىتى پىچان خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ يېتەكچىسى، پىچان ناھىيەلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ناھىيەلىك مائارىپ پارتىيە خىزمىتى كومىتېتىنىڭ شۇجىسى يىن لىشىن توغرىسىدا

شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىۋاتقان شەخسلەرنىڭ خىسلىتى

☐ مۇخبىرىمىز جاڭ رۇيلىن

ئالتە يىل ئىلگىرى ئۇ مەسئۇلىيەت ۋە غايە بىلەن كېلىپ، ئۆيىدىن 1000 چاقىرىم يىراقلىقتىكى تۇرپان شەھىرىنىڭ پىچان ناھىيەسىدە يىلتىز تارتتى. ئالتە يىلدىن بۇيان، ئۇ ئۆزىنى نىشانلىق ياردەمگە ئېرىشكەن جايدىكى ئاممىنىڭ تۇغقىنىغا ئايلاندۇرۇپ، ئۈن - تىنسىز تۆھپە قوشتى.

ئۇ خۇنەن ئۆلكىسىنىڭ 8 - تۈركۈمدە شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمەت ئەترىتى پىچان خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ يېتەكچىسى، پىچان ناھىيەلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ناھىيەلىك مائارىپ پارتىيە خىزمىتى كومىتېتىنىڭ شۇجىسى يىن لىشىن.

خۇنەن ئۆلكىسىنىڭ تۇرپان شەھىرىگە نىشانلىق ياردەم بېرىدىغان 7 - تۈركۈمدە شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش كادىرلىرىدىن 8 - تۈركۈمدە شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش كادىرلىرىغىچە، تاللاش ئالدىدا ئۇ قىلچە ئىككىلەنمەي، قەتئىيلىك بىلەن پىچان ناھىيەسىدە قېلىشنى تاللىدى. ئۇ شۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىدۇكى: «ئىشلەش»نى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇپ، «ئەمەلىيلەشتۈرۈش»نى ئاساس قىلىش كېرەك. «نىشانغا يەتمىگۈچە قەتئىي ۋاز كەچمەسلىك» ئېتىقادى بولغاندىلا، ئاندىن شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش ئىشلىرىنى چوڭقۇرلاپ ئالغا سىلجىتقىلى بولىدۇ، شۇندىلا ۋەزىپە - مەسئۇلىيەت ئالدىدا يەرگە قاراپ قالماي، كىشىلىك ھاياتنىڭ قەدىر - قىممىتىنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

■ تېخىمۇ كۆپ كىشىگە شىنجاڭنىڭ گۈزەللىكىنى كۆرسىتىش

«شىنجاڭنىڭ گۈزەللىكى رەڭگارەڭ، ئالدىنقى ئايدا بىز ‹ئاتنى قامچىلاپ تيانشاندىن ھالقىش›، پىچان ناھىيەسىدىن يولغا چىقىپ، مورى، گۇچۇڭدىن ئۆتۈپ تيانشاننى نەق مەيداندا تەكشۈرۈش پائالىيىتىنى تەشكىللىدۇق، يېڭى ساياھەت لىنىيەسىنى ئېچىپ، ساياھەت مەھسۇلاتلىرىنى بېيىتىشنى ئۈمىد قىلىمىز» دېدى 8 - ئاينىڭ 3 - كۈنى يىن لىشىن.

يىن لىشىن دەسلەپتە شىنجاڭغا 2014 - يىلى كەلگەن بولۇپ، تۇرپان شەھىرى پىچان ناھىيەلىك پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن ھاكىم بولغان. يۇرتىنىڭكىگە پۈتۈنلەي ئوخشىمايدىغان تەبىئىي مەنزىرىنى كۆرۈپ، ئۇ قانداق قىلغاندا تېخىمۇ كۆپ كىشىگە بۇ گۈزەل مەنزىرىلەرنى كۆرسەتكىلى بولىدىغانلىقىنى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، شۇ جايدىكى ئاھالىلەرنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇپ بېيىتقىلى بولىدىغانلىقىنى ئويلىدى.

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

شىنجاڭ گېزىتخانىسى يېڭى تاراتقۇلىرى سېپى
新疆头条 APP 微信公众号 新疆日报网 天山网 APP